2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتتە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2019 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى مەركەزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ بۇرچ ـ ۋەزىپىسى، تۈپ تەلىپى، كۈچەش مۇھىم نۇقتىسىنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىلەن دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى.

ۋاڭ ياڭ ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك فۇنكسىيەلىرىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشتى. يېقىنقى مەزگىلدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، ھەرقايسى قاتناشقان ئورۇنلار ۋە كەڭ ئەزالارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۆز خىزمەت ئورنىدا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى نامايان قىلدى.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سەپەرۋەر قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»دە ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئاساسنى پۇختىلاش، ئۇلنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇش، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جېڭ جيەنباڭ سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، يىغىنغا سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار 2 ـ يىغىنغا 5488 پارچە تەكلىپ تاپشۇردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 4089 پارچە تەكلىپ ئەنگە ئېلىندى، بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان 175 ئورۇننىڭ بېجىرىشكە تاپشۇرۇلۇپ، ھەممىسى ۋاقتىدا بېجىرىلدى. دائىمىي كومىتېت تەكلىپ خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، خىزمەت تۈزۈمى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، تەكلىپ بېجىرىشتە كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەكلىپ خىزمىتىنىڭ چىڭ تۇرۇش داۋامىدا راۋاجلىنىشىغا، مۇستەھكەملىنىش داۋامىدا مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان رەھبىرىي يولداشلاردىن يەنە دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، ليۇ خې، شۈ چىلياڭ، سۈن چۈنلەن، لى شى، لى چياڭ، لى خۇڭجۇڭ، ياڭ جيېچى، ياڭ شياۋدۇ، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، چېن چۈەنگو، چېن مىنئېر، خۇ چۈنخۇا، گو شېڭكۈن، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، يوۋ چۈەن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دوڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، ۋېي فېڭخې، ۋاڭ يوڭ، ۋاڭ يى، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، جوۋ چياڭ، جاڭ جۈن قاتارلىقلار بار.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكلىپكە بىنائەن ئېچىلىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى. چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن ئېچىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

## 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتى ۋە باش كاتىپى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

لى جەنشۇ مۇنداق جاكارلىدى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئېچىلىدۇ، يىغىننىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق پۈتتى.

لى جەنشۇ مۇنداق كۆرسەتتى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، يىغىننى دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئەمەلىيەتچىل، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يىغىن قىلىپ ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش.

تەييارلىق يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتى ۋە باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى. يىغىن ھەيئەت رىياسەتى 174 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ۋاڭ چېن يىغىننىڭ باش كاتىپى بولدى.

ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللانغان يىغىن قارالمىسىغا ئاساسەن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ، 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانىنىڭ لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانى لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، 2019 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ قاتارلىقلار.

يىغىن باشلانغاندا لى جەنشۇ مۇنداق دېدى: 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋەن ۋېيشىڭ كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى. بىز يىغىن نامىدىن ۋەكىل ۋەن ۋېيشىڭنىڭ بەختكە قارشى ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھازىر بار ۋەكىلى 2956 كىشى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، يىغىن كاتىباتى باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكىل 2902 كىشى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى تەييارلىق يىغىنىغا 2889 كىشى قاتناشتى، 67 كىشى قاتنىشالمىدى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دوڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، باش كاتىپ ياڭ جېنۋۇ يىغىنغا قاتناشتى.

## 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ھەيئەت رىياسەتى يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك 174 كىشى، يىغىنغا قاتناشقانلار 173 كىشى، قاتنىشالمىغانلار بىر كىشى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئالدى بىلەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسى سايلاپ چىقىلدى. ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىكىنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپ ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەيئەت رىياسەتىنىڭ دائىمىي رەئىسى ھەيئەت رىياسەتى يىغىنىنى ئاچىدۇ ھەم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

يىغىندا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىش، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېپىش بېكىتىلدى، يىغىن ۋاقتى يەتتە كۈن بولىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېڭەش قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەيئەت رىياسەتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان ھەيئەت رىياسەتىنىڭ بىرقانچە ئەزاسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەر قېتىملىق يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق يىغىندا يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ياڭ جېنۋۇ، شېن چۈنياڭ، لى فېي، جاڭ يېسۈي، تاڭ فاڭيۇ، لى باۋرۇڭلارنى يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. يىغىندا جاڭ يېسۈي قوشۇمچە يىغىن باياناتچىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسى قارار قىلىندى. يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش ۋاقتىنى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 12دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىن مەزگىلىدە يىغىن كاتىباتى باشقارمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەيئەت رىياسەتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا دوكلات قىلىدۇ.

### مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدا

## ۋاڭ ياڭ بەرگەن سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات (قىسقارتىلمىسى)

سكانېرلاپ كۆرۈڭ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چاي دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىچىملىكنىڭ بىرى، يەر شارىدىكى چاي ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ۋە رايون 60تىن ئاشىدۇ، چاي ئىچىدىغانلار 2 مىلياردتىن ئاشىدۇ. 2019 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىنى «خەلقئارا چاي كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، چاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى مەدھىيەلەش ئارقىلىق، يەر شارى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىل «خەلقئارا چاي كۈنى» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق، يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى، جېجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «چاي ۋە دۇنيا ئورتاق ھۇزۇرلىنىش ئورتاق بەھرىلىنىش»نى باش تېما قىلىپ، توردا يۈرۈشلۈك تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسىنى تەكشۈردۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چېننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسى لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتىنى ئاڭلاپ ئۆتىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىدۇ.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ. چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىدۇ.

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندا بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ، شىنخۇا تورى ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندا سۈرەت ۋە يېزىق شەكلىدە بىۋاسىتە تارقىتىدۇ.